# مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ جېنى قولىدا بولغان زات بىلەن قەسەمكى! كۆلنىڭ قاچىلىرىنىڭ سانى ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنىڭ سانىدىن كۆپتۇر

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! كۆلنىڭ قاچىلىرى قانچىلىك؟ دېسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:«مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ جېنى قولىدا بولغان زات بىلەن قەسەمكى! كۆلنىڭ قاچىلىرىنىڭ سانى ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنىڭ سانىدىن كۆپتۇر، ھاۋا ئوچۇق بولغان قاراڭغۇ كېچىدىكى يۇلتۇزلاردەك كۆپتۇر، جەننەتنىڭ قاچىلىرىدىن سۇ ئىچكەن كىشى ئەبەدى ئۇسسىمايدۇ، بۇ كۆلگە جەننەتتىن ئىككى نوكەشتىن سۇ قۇيۇلۇپ تۇرىدۇ، بۇ كۆلنىڭ ئۇزۇنلىقى ۋە كەڭلىكى ئۇممان بىلەن ئەيلە ئارىسىدىكى مۇساپىدەك كېلىدۇ، ئۇنىڭ سۈيى سۈتتىنمۇ ئاق ۋە ھەسەلدىن شىرىندۇر».

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام قىيامەت كۈنى ئۆزىنىڭ كۆلىنىڭ قاچىلىرىنىڭ سانىنىڭ ئاسمانلاردىكى يۇلتۇزلارنىڭ سانىدىن كۆپ بولىدىغانلىقى توغرىسىدا قەسەم قىلدى. ئاشۇنداق بولىشى: ھاۋا ئوچۇق ئاي چىقمىغان قاراڭغۇ كېچىدە يۇلتۇزلار شۇنداق ئوچۇق پارلايدۇ، چۈنكى ئاي چىققان كېچىدە ئاينىڭ نۇرى بولغانلىقى ئۈچۈن يۇلتۇزلار ئوچۇق پارلىيالمايدۇ، شۇنىڭدەك بۇلۇتلۇق كېچىدىمۇ بۇلۇتلار يۇلتۇزلارنىڭ پارلىشىنى توسۇپ قويىدۇ. ئۇنىڭ قاچىلىرى جەننەتنىڭ قاچىلىرىدۇر، بۇ قاچا بىلەن بۇ كۆلدىن سۇ ئىچكەن كىشى ئەبەدى ئۇسسىمايدۇ. شۇنداقلا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئۇسسىغان بولىدۇ. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ كۆلىگە جەننەتتىن ئىككى نوكەشتىن سۇ قۇيۇلۇپ تۇرىدۇ، ئۇ كۆلنىڭ ئۇزۇنلىقى بىلەن كەڭلىكى ئوخشاشتۇر. كۆلنىڭ تۆت ئەتراپى بارابەردۇر، كۆلنىڭ ئۇزۇنلۇقى شامنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئۇممان بىلەن ئەيلە ئارىسىدىكى مۇساپىدەك كېلىدۇ. ئۇ كۆلنىڭ سۈيى سۈتتىنمۇ بەك ئاقتۇر، تەمى ھەسەلدىنمۇ بەك تاتلىقتۇر.

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/65032